# مۇسۇلمان روزىدا قانداق نىيەت قىلىدۇ؟

[ئۇيغۇرچە]

كيف ينوي المسلم الصوم؟
[باللغة الأويغورية]

مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىدمۇپتى :
المفتي:محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات
ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة
بمدينة الرياض

1429 - 2008

islamhouse.com

# مۇسۇلمان روزىدا قانداق نىيەت قىلىدۇ؟

22909-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

كىشى رامىزان روزىسىنى قايسى ۋاقىتتا ۋە قانداق نىيەت قىلىدۇ؟ .

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

نىيەت قىلىش دېگەنلىك روزا تۇتۇشقا كەسكىن ئىرادە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر كېچىسى رامىزان روزىسىنى تۇتۇشنى ئىرادە قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ( سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتىنىڭ پەتىۋا مەجمۇئەسى 10-توم 246-بەت).

بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا: رامىزاننىڭ ئەۋۋىلىدە تولۇق بىر ئاي روزا تۇتۇشنى ئىرادە قىلىپ نىيەت قىلسا ۋە بۇ جەرياندا روزا تۇتۇشتىن بىرەر سەۋەب بىلەن ئۈزۈلۈپ قالمىسا ئاي بېشىدا قىلغان نىيىتى كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر ئۈزۈلۈپ قالسا يېڭىدىن نىيەت قىلىدۇ دېيىلگەن . ( يەنى كىشى رامىزاننىڭ ئەۋۋىلىدە، مەن تولۇق بىر ئاي روزا تۇتىمەن دەپ نىيەت قىلسا، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن روزا تۇتۇشتىن توختاپ قالمىسا مۇشۇ بىر قېتىم قىلغان نىيىتى كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر مەلۇم سەۋەبلەردىن بىر - ئىككى كۈن روزا تۇتالمىسا روزا تۇتقاندا يەنە يېڭىدىن نىيەت قىلىدۇ .) شۇنىڭدەك بىر ئادەم رامىزاندا سەپەرگە چىقىپ روزا تۇتمىغان بولسا، سەپەردىن قايتىپ

كەلگەندىن كىيىن يېڭىدىن نىيەت قىلىپ روزا تۇتىدۇ، مانا بۇ توغرا قاراشتۇر.

چۈنكى ھەرقانداق مۇسۇلماندىن سورىسىڭىز، بىر ئاي روزا تۇتۇشى تېخى ئەمەلىيلەشمىگەن بولسىمۇ، مەن بىر ئاي تولۇق روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلدىم دەيدۇ، گەرچە نىيەت رېئاللىقتا ئايلانمىغان بولسىمۇ ھۆكۈمدە ئۇنىڭ جائىزلىقى بېكىتىلدى. ئەسلى قائىدىدە تولۇق روزا تۇتۇش، ئارىلىقنى ئۈزۈپ قويماسلىق، شۇ سەۋەپتىن بىز، مۇسۇلمانلارنىڭ مەلۇم سەۋەبلەردىن روزا تۇتۇشى ئۈزۈلۈپ قىلىپ كىيىن داۋاملاشسا يېڭىدىن نىيەت قىلىش كېرەك دەيمىز. مانا بۇ ئىنسانىنىڭ قەلبى ئارام تاپىدىغان سۆزدىن ئىبارەت. ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

( شەرھى مۇمتىئ 6- توم 369 ـ 370 بەت) .